# 11026 ـ قۇرئان ئايەتلىرىنى يېزىپ، ئۇني بەدىنىگە ياكى باشقا جايلىرىغا ئېسىۋېلىش توغرىسىدا

## سۇئال

قۇرئان ئايەتلىرى ۋە زىكىرلەرنى ۋاراقلارغا يېزىپ، ئۇنى مەيدىسىگە ياكى باشقا جايلىرىغا ئېسىۋېلىش ياكى قاتلاپ چېشىنىڭ ئاستىغا قويىۋېلىش ياكى شەرئى دۇئالاردىن تۇمار پۈتۈپ، ئۇنى تېرىگە ئوراپ كۆرپىنىڭ ئاستىدا ياكى باشقا ئورۇنلاردا قويۇپ قويسا توغرا بولامدۇ؟ قۇرئان، زىكىر ۋە دۇئالاردىن تۇمار پۈتۈپ ئېسىۋالسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى شەرئى دۇئالار يېزىلغان ۋاراقلارنى بەدىنىگە ياكى باشقا ئورۇنلارغا ئېسىۋېلىش ياكى ئۇنى كۆرپىنىڭ ئاستى دېگەندەك ئورۇنلارغا قويۇش قەتئى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭ ھەممىسى شەرىئەتتە چەكلەنگەن تۇمار ئېسىشنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتتۈرمەيدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ئېيىنقىسىز بولغان رۇقىيە ئوقۇش، تىلتۇمار ئېسىش ۋە سېھىر قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېسىش ئاللاھغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.